دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# شىنجاڭنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ

□ چىرا ناھىيەلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى، چىرا ناھىيەسى ماخمال مەھەللىسىدىكى دوستلۇق مەسچىتىنىڭ خاتىپى مەمەترېھىم مەتنۇر

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كۆپ تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش سىياستىنىڭ تۈرتكىسىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقرىش، تۇرمۇشىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولدى، بىز ئازادە، يورۇق ئەمىن تاپقۇزۇپ خەلقنى بېيىتىش ئۆيىگە كۆچۈپ كىردۇق، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلمايدىغان بولدۇق، باللىرىمىز مەكتەپتە ئوقۇپ ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپىدىن بەھرىمەن بولدى، ياشانغانلارنىڭ كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى بار، زاۋۇتلار ئىشىك ئالدىمىزدىلا قۇرۇلدى، يېزىلارمۇ شەھەرلەرگە ئوخشاش بولۇپ كەتتى، تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلاندى. لېكىن، بەزى يامان نىيەتلىك كىشلەر بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىزنى خالىمىدى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بارغانسېرى قۇدرەت تېپىشىنى كۆرۈشنى خالىمىدى، ئۇلار شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى قانات يايدۇرۇشتىكى تەدبىرلىرى ۋە ئېرىشكەن نەتىجە ـ ئۈنۈمگە يامان نىيەتتە ھۇجۇم قىلىپ، قارا چاپلاپ، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە قەستەن بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، شىنجاڭنىڭ تەستە قولغا كەلگەن گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاما بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ، شۇنداقلا پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدىغان بۇ كىشلەرگە قارشى ئاداققىچە كۈرەش قىلىشقا قەسەم قىلىدۇ.

مېنىڭ ئەتراپىمدىمۇ ئىلگىرى بەزىلەر ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان، ئۇلار دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى ھە دەپ تەرغىب قىلىپ، ئۇچرىغانلا كىشىگە «دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشلەر بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەندى، ماڭا ئوخشاش دىنىي خادىملارغا ھەققىي «مۇسۇلمان» ئەمەس دەپ ھۇجۇم قىلغاندى. ئۇلار خوتۇنلىرىنى نىقابلىق كىيىم كىيىشكە مەجبۇرلاپ، زاۋۇتقا بېرىپ ئىشلىشىگە يول قويماي، باللىرىنى ئوقۇتماي، بۇ يەرلەر «كاپىرلار» بارىدىغان جاي دېگەندى، «غازات يولدا شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ»دېگەننى تەرغىب قىلغاندى.

ئەسلىدە ئاق كۆڭۈل بىر قىسىم ئاما مۇشۇنداق قىلىپ كۈندىن ـ كۈنگە زەھەرلەندى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى باللىرىنى باقمىدى، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادار بولمىدى، قوشنىلىرى بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلمىدى، ھەتتا بەزىلىرى زوراۋان ـ تېررورچىلارنىڭ قولچوماقچىسىغا ئايلىنىپ، بىگۇناھ كىشلەرنى ئۆلتۈردى. ئەگەر دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى مۇشۇنداق يامراپ كەتسە، بىز بەختلىك، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلەمدۇق؟ ئەجەبا بىز زوراۋانلىق، تېررورلۇقنىڭ ھۇجۇمى ۋە ئەسەبىزمنىڭ ۋەھىمىسىدە قالساق، ئاندىن ئاتالمىش «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى»گە ئېرىشكەن بولامدۇق؟ ئەجەبا بۇ ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلار ئېيتقان «كىشلىك ھوقۇق كاپالىتى»مۇ؟

دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ يامرىشى ۋە سىڭىپ كىرىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇش ئۈچۈن، بىگۇناھ ئاممىنى خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، تەربىيەلەش، قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى ئاساس قىلغان كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسىنى ۋاقتىدا قانات يايدۇرۇپ، ئەسەبىزم ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، مەجبۇرلىنىپ قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى قايتىدىن نورمال تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى. مېنىڭ بىر ئاغىنەم كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىپ، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى ۋە ئەمەلىي ماھارەتنى ئۆگىنىپ، قىياپىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى، تۇرمۇشى نورماللاشتى. بۇ شۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن زەھەرلەنگەنلەرنى قۇتقۇزۇپ قالدى، بىز بۇنى قەتئىي ھىمايە قىلىمىز ۋە قوللايمىز.

بۇ يىل 10 ـ ئايدا، مەن تەلىيىمگە ئىچكىرى رايونلارغا بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىشتە بولدۇم، بۇ ئەزەلدىن شىنجاڭدىن چىقىپ باقمىغان مېنى ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى ۋە نۇرغۇن ئاۋات شەھەرلەرنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، ھاياجانلىق ھېسسىياتىمنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن، مەن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ قۇدرەت تاپقانلىقىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مول ۋە چوڭقۇر مەزمۇنىنى، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقانلىقىنى بىۋاستە ھېس قىلدىم، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدىم. ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىدە گۈللىنىش، بېيىش، قۇدرەت تېپىش مەنزىرىسىنى كۆرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولغانلىقىمدىن چىن قەلبىمدىن پەخىرلەندىم ۋە ئىپتىخارلاندىم!

مەن بۇ يەردە يامان نىيەتلىك ئاشۇ كىشلەرنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، ئەمدى ئاساسسىز ئويدۇرۇپ چىقىپ، يوق يەردىن پۇتاق چىقارماڭلار، سىلەر شىنجاڭنى چۈشىنەمسىلەر؟ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى چۈشىنەمسىلەر؟ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاشتەك بىمەنە قىلمىشى ئارقىلىق بىزنىڭ ئىتتىپاق، ئىناق مىللەتلەر مۇناسىۋىتىمىزگە بۆلگۈنچىلىك سالدى، ھازىرقى ئىناق، مۇقىم تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئۇنىڭ مەقسىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھۇجۇمى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە يامرىشى ئېلىپ كەلگەن ۋەھىمە ئىچىدە قالدۇرۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش، بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىشلىك ھوقۇقىنى ئەڭ زور چەكتە دەپسەندە قىلغانلىق، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىمىزگە ئەڭ ئېغىر زىيانكەشلىك قىلغانلىق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش تۈۋەن چېكىگە خىرىس قىلغانلىق. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى توسىدىغان بۇنداق سۇيىقەست قەتئىي ئەمەلگە ئاشمايدۇ!

# شىنجاڭدا كىشلىك ھوقۇق قانداق، بىز ئەڭ سۆز قىلىشقا ھوقۇقلۇق

□ يوپۇرغا ناھىيەلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى، يوپۇرغا يېزىسى مۇنجاقلىق كەنتىدىكى مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئەمەت مەمەت

يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭنىڭ كىشلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياستىگە يامان نىيەتتە ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭغا بىز قەتئىي قارشى تۇرىمىز، كۈچلۈك ئەيىبلەيمىز! ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشكەن، ئەسەبىزمنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئۈنۈملۈك توسۇلغان، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىملىقنى ساقلاۋاتقان، ئامانلىق ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان، ئىقتىساد سىجىل تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە، ئامېرىكا تەرەپ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا چىقاردى، بۇنىڭ ئارقىسىدا شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىنى كۆرۈشنى خالىمايدىغان، شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان رەزىل نىيەت بار.

شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياستىنىڭ ياخشى ـ ياخشى ئەمەسلىكىگە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشى ـ ياخشى ئەمەسلىكىگە بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەڭ سۆز قىلىشقا ھوقۇقلۇق. مېنىڭ يۇرتۇم يوپۇرغا ناھىيەسىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ يەر ئىلگىرى چەت، يىراق، قالاق كىچىك ناھىيە بازىرى بولۇپ، ئاسفالت يول يوق ئىدى، پىكاپ يوق ئىدى، چىرايلىق ئۆيلەر يوق ئىدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت بىر يۈرۈش ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ، يول ياساپ، مەكتەپ سېلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆي سېلىشى قاتارلىقلارغا ياردەم بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئۈچ يىللىق يەسلى مائارىپى ۋە تولۇق ئوتتۇرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 12 يىللىق ئاساسىي مائارىپنىڭ تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى؛ ھەممە كىشىنى يېزا يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشتۇردى ھەم كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا ئېرىشتۈردى؛ ھەر يىلى ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈردى؛ ئىشقا ئورۇنلاشمىغان ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ، تۈرلۈك ئىشلەپچىقرىش، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ياردەم بەردى، يەنە مۇناسىپ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن قىلدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى، ياردىمى، قوللىشىدا، يۇرتداشلار تەدرىجىي ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، ئىشلەپچىقرىش، تۇرمۇش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، ئازادە، يورۇق ئەمىن ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، ئۆيسىزلەرنىڭ ئۆيى بولۇش، ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان بولۇش، ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيالايدىغان بولۇش، ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان بولۇش، ياشانغانلار كۈتۈنەلەيدىغان بولۇشتەك گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشتى.

ئىلگىرىكى بىر مەزگىلدە، يۇرتۇم ئەسەبىزم، تېررورىزمنىڭ زىيىنىغا چوڭقۇر ئۇچرىدى. ئۇ چاغدا، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» مىللەت، دىننى دەستەك قىلىپ، ئاممىنىڭ ساددا مىللىي، دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، ھە دەپ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تارقىتىپ، «ئادەم ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» قاتارلىق بىمەنە سەپسەتىلەرنى تەرغىب قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى سادىر قىلىشقا قايمۇقتۇرۇپ، قۇترىتىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىشى، ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئاشۇ زوراۋان ـ تېررورچى ئۇنسۇرلار قەبىھ ۋاستىلەر بىلەن بىگۇناھ ئاممىغا زىيانكەشلىك قىلىپ، جەمئىيەتتە ۋەھىمە پەيدا قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى. بۇ زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ، باشقا جايدىكى سودىگەرلەر، ساياھەتچىلەر، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بۇ يەرگە تىجارەت قىلىشقا، ساياھەت قىلىشقا، تۇغقان يوقلاشقا كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، ھۆكۈمەت ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، دىنىي ئەسەبىزم ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى تەربىيەلىدى، قۇتقۇزدى، ياردەم بەردى، يۆلىدى. مەن ئىلگىرى كۆپ قېتىم تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدىم، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەتلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى، رەسىم سىزىش، ساز چېلىش قاتارلىق تۈرلۈك قىزىقىش سىنىپلىرىغا قاتنىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ يەردە ئوقۇش ھەققى، تاماق، ياتاق ھەققى پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىنغان بولۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۆيىگە قەرەللىك قايتالايدىكەن، ئىشى بولسا رۇخسەت سوراپ بولىدىكەن، تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت يەنە ئۇلارنىڭ خىزمەت تېپىشىغا ياردەم بېرىدىكەن.

مەن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ ئاتالمىش «كىشلىك ھوقۇق»تا نېمىنى ئۆلچەم قىلغانلىقىنى بىلمىدىم. مېنىڭ قارىشىمچە، جەمئىيەتنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشى، ئاۋام تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەم بولۇشى، پۇقرالارنىڭ تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنىڭ قانۇن بويىچە قوغدىلىشى ئەڭ چوڭ كىشلىك ھوقۇق. بىزنىڭ كىشلىك ھوقۇقىمىزدىن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار غەم يېمىسىمۇ بولىدۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى باشتىن ـ ئاخىر ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كىشلىك ھوقۇققا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى. مەن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى: ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست قەتئىي ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

# ئىناق، مۇقىم شىنجاڭ بوھتان چاپلىغۇچىلارغا بېرىلگەن ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە

□ توقسۇن ناھىيەسى شا يېزىسى بازار مەھەللىسىدىكى بازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى غەيرەت جالال

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار«قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى، مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلەندىم. دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلارنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، سىلەرنىڭ ئاتالمىش «قانۇن لايىھە»ڭلار بىمەنە، كۈلكىلىك، سىلەرنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشىڭلار جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى.

مەن شىنجاڭدا ئاددىي ئۇيغۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئاتا ـ بوۋامنىڭ ھەممىسى دېھقان. كىچىك ۋاقتىمدا، ئائىلىمىزدە ئەمگەك كۈچى كەمچىل، ئىقتىسادىي شارائىتىمىز بىر قەدەر ناچار بولغاچقا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا ئاتا ـ ئانامنىڭ يەر تېرىشىغا ياردەملەشتىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولدى، ئەسلىدىكى كېسەك ئۆينىڭ ئورنىنى خىش ئۆي ئالدى، كۆل سۈيى ئىچىشتىن تۇرۇبا سۈيى ئىچىدىغان بولدۇق، قورسىقى تويماسلىقتىن ياخشى يەيدىغان بولدۇق، ئۆينىڭ ئىچى ـ سىرتىدا ئېلېكتر چىرىغى بولۇش ئارزۇيىمىز رېئاللىققا ئايلاندى. ھازىر ئۆيۈمدە ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى تولۇق بولۇپلا قالماي، يەنە پىكاپ سېتىۋالدىم، ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفون ئىشلىتىۋاتىمەن، بۇنداق تۇرمۇشنى ئىلگىرى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتۇق. لېكىن، دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلار بىزنىڭ بەختلىك، تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىزنى كۆرۈشنى خالىمىدى، ئۇلار مىللەت، دىننى دەستەك قىلىپ، ئاممىنىڭ ساددا دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ دىنىي تەلۋىلىككە قۇترىتىپ، ھە دەپ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تارقىتىپ، ئاممىنى زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى سادىر قىلىشقا قايمۇقتۇردى، قۇترىتتى. ئۇلار «غازات يولدا شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەندەك سەپسەتىلەرنى ھە دەپ تەرغىب قىلىپ، بىر قىسىم نادان ئاممىنى ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىدىكى ئەسەبىيلەرگە ۋە تېررورچىلارغا ئايلاندۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىشلىك ھوقۇقىغا ئېغىر دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق.

ھۆكۈمەت خەلق ئويلىغاننى ئويلاپ، خەلق ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيىتىنمۇ تۈزەشتە، زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىش ئارقىلىق، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم پەيدا بولىدىغان، يامرايدىغان تۇپراق ۋە شارائىتنى كۆچەپ يوقىتىپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بېرىش، ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىنى ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلەندۈردى ھەم بىر قاتار ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى يولغا قويدى. ھازىر كەنتىمىزدە كەنت كارخانىسى قۇرۇلۇپ، پۇقرالار ئىشىك ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلاشتى؛ كەنتتە يېڭىدىن يەسلى سېلىنىپ، يەسلى يېشىدىكى باللار ھەقسىز يەسلىگە كىردى، باللار ئازادە، يورۇق، راھەت مۇھىتتا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، خۇشال باللىقتىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، مەن جىيەنىمنى يەسلىگە ئاپارغاندا، ئۇ خۇشال ھالدا ماڭا يەسلىنىڭ شۇنچىلىك ياخشى ئىكەنلىكىنى، تاماقلارنىڭ شۇنچىلىك مول ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمنى ئەسلىسەم، ھەر كۈنى ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مەكتەپكە پىيادە بېرىپ ئوقۇيتتۇم، قورسىقىم ئاچسا قۇرۇق نان يەيتتىم، ھازىرقى گۈزەل تۇرمۇشىمىزنى ئويلىسام، بىزنىڭ مىننەتدارلىق ھېسسىياتىمىزنى تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن.

بىز پۇقرالارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك ئېھتىياجىمىزغا كاپالەتلىك قىلغاندىن باشقا، ھۆكۈمەت يەنە ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «تۆت تۇققۇزنى سەپلەش»نى پۈختا ئىلگىرى سۈرۈپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى، مۇنچا، سۇ چۈشۈرۈلىدىغان ھاجەتخانا سالدى، ھاۋا تەڭشىگۈچ، ئىچىدىغان سۇ ئۈسكۈنىسى، ئاياغ قاپلاش ئۈسكۈنىسى قاتارلىق خەلققە قولايلىق ئەسلىھەلەرنى سەپلىدى، ھازىر مەسچىتلەر قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن بولۇپ، ئىلگىرىكى بىلەن ئەسلا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

ئامېرىكىدىكى بىرقىسىم سىياسەتۋازلار دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياستىگە تۆھمەت قىلىپ، شىنجاڭغا قارا چاپلاپ، شىنجاڭدىكى كىشلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى قەستەن ھاقارەتلەپ، ئۇنىڭغا يامان نىيەتتە ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلىدى. شىنجاڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغاندا، ئامېرىكا تەرەپ قىلچە كۆڭۈل بۆلمىگەندى، ھازىر جەمئىيەت مۇقىم بولدى، ئۇلار ئەكسىچە ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ئويدۇرۇپ چىقتى، ئۇلارنىڭ ھەققىي مەقسىتى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت مۇقىم بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش.

دىنىي ساھەدىكى زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلارنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى: شىنجاڭنى مالىمان قىلىشقا، شىنجاڭنى پارچىلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق ھىيلە ـ مىكىر مەغلۇپ بولىدۇ. كونىلار «قارا بۇلۇت قۇياشنى توسىيالمايدۇ» دەپ ياخشى ئېيتقان، سىلەرنىڭ ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان يالغان گەپلىرىڭلار ھەققىي ئەھۋالنى يوشۇرالمايدۇ، بارلىق ۋىجدانلىق كىشلەر سىلەرنىڭ قەبىھ نىيىتىڭلار ۋە رەزىل ئەپت ـ بەشىرەڭلەرنى ئېنىق تونۇپ يېتەلەيدۇ. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاما بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشىپ جان پىدالىق بىلەن ئىشلىشىپ، تىرىشچانلىقى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتى ئارقىلىق چوقۇم شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.